100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# قايتا تۇغۇلسام يەنە سىزنىڭ قولىڭىزنى تۇتۇۋالىمەن

## —— قارا تۇپراق ئۆستەڭدىكى «ئۇچقۇن» چاچقۇچى ما جۈن توغرىسىدا ئەسلىمە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى دۇەن شۇ، شۇ زىنخېك

ئازراقمۇ چاڭ ـ توزان قونمىغان ئۇزۇن چاپان، پارقىراق ۋە رەتلىك چاچ، قويۇق ساقال ـ بۇرۇتلىرى قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىنى ياپالمىغان، بۇ ــ ما لىيىڭنىڭ خىيالىدىكى بوۋىسى ما جۈننىڭ مەڭگۈلۈك ياشلىق ئوبرازى ئىدى.

ئۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان چاغدا 33 ياشتا ئىدى.

65 ياشلىق ما لىيىڭ بىر ئۆمۈر بوۋىسىغا دائىر ھەر خىل ماتېرىياللارنى يىغدى. نۇرغۇن ھېكايە بىزنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنى 100 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قايتۇرۇپ، بۇ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇغان ياشلىق باھارىغا گۇۋاھ بولدى.

### مەن قولىڭىزنى تۇتۇۋالاي

ما جۈن جىلىننىڭ نىڭئەن (ھازىرقى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭئەن شەھىرى)دە بىر خۇيزۇ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى تەشۋىق قىلىنغان رۇس يېزىقىدىكى كىتابچىنى ئېلىپ كېلىپ، ما جۈننى تەدرىجىي يېڭى ئىدىيە بىلەن ئۇچراشتۇرغان. ئۇ ياڭ شيۇرۇڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولغاندىن كېيىن، مەيلى قەيەرگە بارسۇن، ياڭ شيۇرۇڭنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالاتتى.

ما جۈن ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ياڭ شيۇرۇڭنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپلا قالماي، ياڭ شيۇرۇڭ دېگەن بۇ ئىسىمنىمۇ ئۆزى قويغان. ئۇ چاغلاردا نۇرغۇن ئايال ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىناتتى، ياڭ شيۇرۇڭ ئىلگىرى «ما ياڭشى» دەپ ئاتالغان.

يېڭى ئىدىيە بىلەن تاۋلانغان ما جۈن بۇنداق ئۆرپ ـ ئادەتكە كۆنەلمەي، خوتۇنىغا ئىسىم قويۇپلا قالماي، ئۆيدىكى ئاچا ـ سىڭىللىرىغىمۇ قايتىدىن رەسمىي ئىسىم قويغان. «ئەر ـ ئاياللار باراۋەر، بىز ئاياللارنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك.» دەيتتى ما جۈن.

1922 ـ يىلى، ما جۈن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شەرقىي شىمال رايونىدا تۇنجى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتى «نىڭئەن پارتىيە گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ، يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ جەم بولغان ۋاقتى ئاز، ئايرىلىپ تۇرغان ۋاقتى كۆپ بولغان، يىراق جايلارغا بېرىپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغان ما جۈن دائىم ئۈن ـ تىنسىزلا ئۆيدىن ئايرىلاتتى، قايتىپ كېلەتتى، بۇ خىل ئەھۋال مۇشۇنداق تەكرارلىناتتى.

### ئىنقىلاب ھاياتىنىمۇ مۇھىم

1919 ـ يىلى، «4 ـ ماي» ھەرىكىتى توغرىسىدىكى خەۋەر تيەنجىنگە يېتىپ كەلگەندە، ئوقۇغۇچىلار دەرھال تەشكىللەنگەن. تيەنجىن نەنكەي مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ما جۈن قالتىس تەشكىللەش ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم رەھبىرىگە ئايلانغان.

دەل «ئوقۇغۇچىلار دەرس تاشلاش، ئىشچىلار ئىش تاشلاش، سودىگەرلەر بازار تاشلاش» ھەرىكىتى ئەۋجىگە چىققان پەيتتە، ئەسلىدە بازار تاشلاشقا قوشۇلغان تيەنجىن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى بىلەن ۋاقىتىنچە بۇ ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان. ما جۈن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

ئۇيۇشما زالىدا جاڭ فامىلىلىك بىر سودىگەر ما جۈندىن ئارقا ـ ئارقىدىن: «ما ساۋاقداش ئۆيىڭىز تيەنجىندىمۇ؟ تيەنجىندا مال ـ مۈلكىڭىز بارمۇ؟ تيەنجىندا ئائىلە تەۋەلىكىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغان. ما جۈن: «يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن. جاڭ فامىلىلىك سودىگەر يەنە: «ما ساۋاقداش ئۆيىڭىز تيەنجىندا ئەمەس، تيەنجىندا مال ـ مۈلكىڭىزمۇ يوق ئىكەن، لېكىن بازار تاشلاشنىڭ بىز سودىگەرلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىغان.

بۇ ئىغۋاگەرچىلىك سۆزىنى ئاڭلىغان ما جۈن جاڭ فامىلىلىك سودىگەردىن قايتۇرۇپ: ھايات بىلەن مال ـ مۈلۈكنىڭ قايسىسى مۇھىم؟ دەپ سورىغان. جاڭ فامىلىلىك سودىگەر: ئەلۋەتتە ھايات، دەپ جاۋاب بەرگەن. ما جۈن كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «مەن ما جۈننىڭ تيەنجىندا ئائىلە تەۋەلىكىمۇ، مال ـ مۈلكىمۇ يوق، لېكىن بۇ يەردە جېنىم بار. بۈگۈن مەن جېنىمنى سىزنىڭ مال ـ مۈلكىڭىزگە تېگىشىمەن!»

ما جۈن سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆيدىكى بىر چوڭ ياغاچ تۈۋرۈككە ئۇسۇپ، نەق مەيداندا بېشى يېرىلىپ، يۈز ـ كۆزى قانغا بويۇلۇپ ھوشىدىن كەتكەن. نەق مەيداندىكى سودىگەرلەر ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان، ئۇيۇشما باشلىقى دەرھال بازار تاشلاشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تيەنجىندىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت يېڭى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

### مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۇلارغا ئۆزۈم تاقابىل تۇرىمەن

1927 ـ يىلى، ئاق تېررورلۇق چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنى قاپلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىمالىي رايون تەشكىلاتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ما جۈن يۆتكىلىش بۇيرۇقىغا بىنائەن بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل بولغان. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، خائىننىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن، ما جۈن بەختكە قارشى قولغا ئېلىنغان. خەۋەر نىڭئەنگە مەخپىي يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ياڭ شيۇرۇڭ ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن كىچىك قىزىنى ئېلىپ، ئالدىراش بېيجىڭغا قاراپ ماڭغان.

بۇ دەل سوغۇق شامال سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان مەزگىل بولۇپ، بېيجىڭدىكى بىر كوچا سىرتىدا، بىر ئايال پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر كىچىك قىزنى ئېگىز تۆمۈر دېرىزە ئالدىغا كۆتۈرۈپ تۇراتتى. «كۆرەلىدىڭىزمۇ؟» دەپ ۋارقىرىدى ياڭ شيۇرۇڭ سىرتتا تۇرۇپ. «كۆرەلىدىم.» قاراڭغۇ تۈرمىدىن ما جۈننىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

«كېلەر قېتىم سىز ئالاھىدە كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىڭ، بۇنداق بولغاندا ئىككىمىز ئۆي ئىچىدە كۆرۈشەلەيمىز، مەنمۇ بالىنى باغرىمغا باسالايمەن.» دېدى ما جۈن ئۈنلۈك ئاۋازدا بىر تام ئايرىپ تۇرغان ياڭ شيۇرۇڭغا.

ئىككىنچى قېتىملىق يوقلاشتا ما جۈننىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان. قىسقىغىنا جەم بولۇش سوغۇق تۈرمە ئىچىنى ئازراق ئىللىقلىققا ئىگە قىلغان. ياڭ شيۇرۇڭ پۇل بىلەن «كېلىشتۈرۈش» ئارقىلىق ما جۈننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىراق ئويلىمىغان يەردىن بۇ تەلەپ ما جۈننىڭ قاتتىق رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان. ما جۈن مۇنداق دېگەن: «سىز بالىنى ياخشى تەربىيەلەڭ، قالايمىقان پۇل خەجلىمەڭ، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۇلارغا ئۆزۈم تاقابىل تۇرىمەن.» ھەربىر ئېغىز تاپىلاشلارنى ئاڭلىغاندا ياڭ شيۇرۇڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك ئازابلانغان. ئۇ بۇ قېتىمقى ئايرىلىشنىڭ بەلكىم مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

1928 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ما جۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان يولدا، ما جۈن يەنە جاراڭلىق ئاۋازدا توختىماي: «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى!» دەپ توۋلىغان.

«بوۋامنىڭ ھاياتى قىسقا، ئەمما شانلىق ھايات، ئۇ خەلق ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمىغان.» ما لىيىڭ مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ روھىغا بىز ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز!»

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭچۈن، 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2020 ـ يىلى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. پارتىيەنىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلىپ، تەشكىللەش، باشقۇرۇش سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تېخىمۇ كۈچلۈك قوغدىلىپ، ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش كەيپىياتى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلىشىپ، ئۆز قۇرۇلۇشى تەدرىجىي كۈچەيتىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتى يۈزلىنىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى تولۇق تونۇپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ياخشى ئىشلەپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 2021 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، شۇنداقلا «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلى. دىققەتنى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەشكىللەش، باشقۇرۇش سىستېمىسى، خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى، سىياسەت، تۈزۈم سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى ساھەسىنىڭ ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر قەيەردە بولسا، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى شۇ يەردە قانات يايدۇرۇش كېرەك. سىياسەتنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن تېخىمۇ كۆپ ھەربىيلەرنى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا جەلپ قىلىش كېرەك. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، مۇلازىمەت، كاپالەت، باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر قوشۇنىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيە كومىتېتى مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى تارماقلىرى باشلامچىلىق قىلىپ ماسلاشتۇرىدىغان، ئالاقىدار تارماقلار قوللاپ ماسلىشىدىغان، جەمئىيەت كۈچلىرى تەرتىپلىك قاتنىشىدىغان خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە خىزمەت قوشۇنىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىل بىلەن خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قادىلبېك قامزا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئابدۇقېيۇم باش شۇجىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە چۆرىدەشىپ ئولتۇرغان سۈرىتىگە قاراپ، چىرايىدىن بەخت جىلۋىلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «بىر دەمدىلا ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، كەنتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەقىقەتەن كىچىك ئەمەس!».

ئابدۇقېيۇم ۋە خوتۇنى ئايشەمگۈل ئەزىز ئازادە، يورۇق مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ مۇخبىرغا كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى جانلىق سۆزلەپ بەردى.

ئاياغمەنگەن كەنتىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بىر موغىمۇ يەتمەيتتى. ئىلگىرى، كۆپ قىسىم كەنت ئاھالىلىرى تېرىلغۇ يەرگە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. «ئۇ چاغدا بىز كېسەك ئۆيدە تۇراتتۇق، توپا يولدا ماڭاتتۇق. ھازىر، ھەممەيلەن ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، گاز ئوچاق ئىشلىتىدۇ، ئاسفالت يوللار ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ياسالدى. كەنتكە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى...» دېدى ئابدۇقېيۇم.

«باش شۇجىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى كادىرلار، ئاممىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى. كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى، غەيرىتى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى.» ئاياغمەنگەن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەممەتتۇرسۇن ئابدۇراخمان مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئاياغمەنگەن كەنتىنىڭ ناھايىتى نامى چىقتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆبىيەنى)نىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت «ئىككى كومىتېت»ى كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىشنى قارار قىلىپ، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپ، «تۇرمۇشقا تېخىمۇ كۆپ شېرىن تەم قوشتى».

كەنتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش تەربىيەسى كۆرگەزمە سارىيى قۇرۇلدى. نۇرغۇنلىغان ئورۇن ۋە مەكتەپلەر ئاياغمەنگەن كەنتىگە بېرىپ تەتقىقات، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان بولدى. مەممەتتۇرسۇن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر كەنتىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش تەربىيەسى كۆرگەزمە سارىيىغا 260 ئۆمەكتىن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىم كۈتۈۋالدى».

كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلتىيىدا ئابدۇقېيۇم قولىنى كۆتۈرۈپ يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ئۇ خوتۇنىنى دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلدى. دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ساياھەتچىلەر كېلىشكە باشلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە كەنتتىكى دېھقانلار ئارامگاھى، پۇقراۋى قونالغۇ، تاللا بازار، ئۇششاق يېمەكلىكلەر دۇكىنى 130 نەچچىگە كۆپەيدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن كەنت ئاھالىلىرىمۇ قايتىپ كېلىپ ئىگىلىك تىكلەپ پۇل تاپتى.

ئابدۇقېيۇم مۇخبىرغا مۇنداق ھېسابات قىلىپ بەردى: ئالتە يىل ئىلگىرى، بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جان ئاساسلىقى ئۇنىڭ تىراكتور ھەيدەپ باشقىلارنىڭ يەر ھەيدىشى، زىرائەتلەرنى ئورۇشىغا ياردەم بېرىپ تاپقان پۇلىغا تايىناتتى، يىللىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىدى. ھازىر، تىراكتور ھەيدەش ۋە دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىشتىن باشقا، ئۇ خوتۇنى بىلەن كالا بېقىپ، كەپتەر بېقىپ، گۈل ئۆستۈرۈپ، يىلىغا 110 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىدىغان بولدى.

پاراڭ ئارىلىقىدا، ساياھەتچىلەر پات ـ پات ئابدۇقېيۇمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇردى، ئۇمۇ پات ـ پات ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى.

«ھويلىدىكى گۈل ـ گىياھ پارنىكىنىڭ پەقەت تۆت پۇڭ ئىككىلىككىلا قارىماڭ، يىلدا گۈل سېتىپ قىلغان كىرىمىمىز 30 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.» ئايشەمگۈل گەپ قىستۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ھازىر بىزنىڭ يىل بويى قىلىدىغان ئىشىمىز، تاپىدىغان پۇلىمىز بار بولدى».

بۈگۈنكى كۈندە، ئاياغمەنگەن كەنتىدە ساياھەت، ياتاق، سەيلە ـ ساياھەت، ئىستىراھەت قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن كەسىپ ئەندىزىسى شەكىللىنىپ، زور بىر تۈركۈم كەنت ئاھالىلىرى قوبۇل قىلىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. «ۋارىس» قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپراتىپىلا 266 كەنت ئاھالىسىنى قوبۇل قىلىپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئائىلىك كىرىمىنىڭ 3000 ـ 2000 يۈەن ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

كىرىم كۆپەيدى، ئاما تېخىمۇ راھەت ياشايدىغان بولدى. ئاياغمەنگەن كەنتىدە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆي جاھازلىرى، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى تولۇق بولۇپ، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان بىر قىسىم ئاياللار سافاغا ئاق رەڭلىك تور ياپقۇچ يېپىپ قويىدىغان بولدى؛ ھەممە ئائىلىلەردە توك پار ئىشلىتىلىدۇ، سىرت ھەرقانچە سوغۇق بولسىمۇ ئۆينىڭ ئىچى خۇددى باھاردەك ئىللىق.

«مەن 30 نەچچە يىل كەنت كادىرى بولدۇم، ئىلگىرى قىلماقچى بولغان، ئەمما قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆردۈم، بۇنى ئويلىسام ھەقىقەتەن چەكسىز ھاياجانلىنىمەن.» يېشى 70 تىن ئاشقان روزى مەممەت ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر تۇرمۇشىمىزدا ھەر كۈنى يېڭىلىق بولۇپ تۇرىدۇ!»

«ياخشى كۈنلەر كۈرەش قىلىشتىن كەلگەن.» بېيىشنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىغان ئابدۇقېيۇمنىڭ بېيىش غەيرىتى تېخىمۇ ئېشىپلا قالماي، ئىدىيە جەھەتتىمۇ ئىلگىرىلەشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلىدىغان بولدى. 2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئابدۇقېيۇم شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىردى.

«كەنتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش دەل پۇقرالارنىڭ ئىدىيەقارىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى بولۇپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئېڭى كۈرەش قىلىش ئېڭى، بېيىش ئېڭىغا ئۆزگەردى.» «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لىيۇ خۇڭتاۋ مۇنداق دېدى: ھازىر، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈنلىرى ئالدىراش ۋە مەنىلىك بولۇپ، ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىش غەيرىتى تولۇپ تاشتى.

«ياخشى دەۋرگە ئۇلاشتۇق، ياخشى سىياسەت بىلەن ئۇچراشتۇق، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى!» ئابدۇقېيۇم قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئۆتمۈشنى ئويلاپ، ھازىرغا نەزەر سالساق، قەلبىمىز ئىللىپ، چېھرىمىزدە كۈلكە جىلۋىلىنىدۇ، چۈش كۆرۈۋېتىپمۇ خۇشاللىقتىن ئويغىنىپ كېتىمىز».

كىم ئۇنداق ئەمەس دېيەلەيدۇ! بۇ يىللاردا، مۇخبىر ئاياغمەنگەن كەنتىنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلدى، ھەر قېتىمدا يېڭى كەيپىيات بار. ھازىر، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى لەززەتكە تولدى، تەبەسسۇمى تېخىمۇ جىلۋىلەندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)